ئابدۇللا سۇلايمان

# خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادەتلىرى

## 1. تېرىقچىلىقتا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرلار

«قەدىمكى تارىم ۋادىسى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن جايى[1]» بولۇپ، «بۇ رايوننىڭ ئىقلىم شارائىتى ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل تۈردىكى ئەجدادلىرىنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلەتتى[2]». تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى «ئۈدۈن بۇنىڭدىن بەش- ئالتە مىڭ يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. ھازىرقى نىيا، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىن نەپىس ياسالغان تاش قوراللار تېپىلىپ، ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەنلىكلەر ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى[3]». ھازىرقى گۇما ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تېغى ئارىسىدا ئۈچ جايدىن قىيا تاش رەسىملىرى بايقىلىپ، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن بۇ رەسىملەر تەخمىنەن يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى قىياسلاندى. رەسىمدە سىزىلغانلارنىڭ پۈتۈنلەي ئەر بولۇشى، مۇشۇ مەزگىلدە ئەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## خوتەن شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

ئەجدادلىرىمىز قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى يايلاق، جاڭگاللاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، ئولتۇراق تۇرمۇش تەقەززالىقى بىلەن پەيدىنپەي ئىگىلىك تەرەققىياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەردىن خېلى بۇرۇنلا بوستانلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- 4- ئەسىردىلا ئۈدۈن، ئۇزۇنتات، نىيا، يولئارىش، چىرا، گۇما قاتارلىق جايلار تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان④. «تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10- ئەسىرلەردە بىر قانچە شەھەر دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن⑤». بولۇپمۇ، ئۈدۈن، ئۇزۇنتات، نىيا قاتارلىق بەگلىكلەر تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقاچقا، سۇغىرىشقا قولايلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشى، شارائىتى تېرىقچىلىققا باب كېلەتتى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى جەھەتتە دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە بولۇپ، يېغىلىق دەۋرىگە كەلگەندە بۇ زېمىندا يېزا ئىگىلىك خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆستەڭ چېپىپ، تۇغان ياساپ، سۇ باشلاپ يەر سۇغارغان. ئۆكۈز، ئات قاتارلىقلارغا تايىنىپ يەر ئاغدۇرغان. مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتكەن.

---

① ئىنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991- يىل نەشرى، 22- بەت

② ۋ. بارتولت: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984- يىل خەنزۇچە نەشرى

③ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 200- يىل نەشرى 1- كىتاب 3- بەت.

④ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 200- يىل نەشرى 1- كىتاب 3- بەت

⑤ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى 442- بەت.

«ۋېينامە» دە ئۇدۇن توغرىسىدا: «زېمىنىدە ھەر خىل ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ» دەپ يېزىلغان بولسا، «لىياڭنامە» دە: ئۇدۇننىڭ «سۇ مەنبەسى كۆپ، قۇم- تاشلىرى كۆپ، كىلىماتى مۆتىدىل، شال، بوغداي تېرىشقا، شاپتۇل ئۆستۇرۇشكە باب كېلىدۇ....» دەپ يېزىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېخىچە تېرىلمىغان كېۋەزنىڭ بۇ رايوندا تېرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

«مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر بۇغداي (قارا بوغداي)، تېرىق (سۆك)، ئارپا، چۈجگۈن(قوناق)قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى قىلىپ كەلگەن. كەندىر، كېۋەز قاتارلىق تالالىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ماتا- رەخت توقۇپ، كىيىم- كېچەك كىيگەن. ھازىرغىچە خوتەن بوستانلىقىدىن بايقالغان ئىپتىدائىي شەھەر- قەلئە خارابىلىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە، يادىكارلىقلاردىن يەنە بىر مۇنچە بۇغداي دانلىرى، بۇغداي باشقى، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر، شۇنداقلا بۇغداي تېرىش ھەققىدە يېزىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى خاتىرە پۈتۈكلەر تېپىلغان. مەسىلەن: بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيا خارابىسىدىن بۇغداي دانلىرى ۋە بىر تال بىجىرىم ساقلانغان بۇغداي باشقى تېپىلغان. 1959- يىلى بۇ شەھەر خارابىسىدىن خېلى كۆپ تېرىق ۋە بىر قەۋەت تېرىق دۈۋىسى (تېرىقلا رىئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىرىكىپ قېتىپ كەتكەن)، شۇنداقلا بىر مۇنچە چۈجگۈن دىنى، سامان تېپىلغان. شۇ يىلى يەنە نىيا خارابىسى بىلەن ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن پاختا، چىگىت، ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ مۇكەممەل توقۇلغان پاختا رەختلەر تېپىلغان. ۋۇجىن ئەپەندى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بۇ پاختىنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن تېرىلغان پاختا ئەۋرىشكىسى دەپ، قارىدى[1]».

ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز تېپىدىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى كۆرسەتكىنىدەك «شىنجاڭدا بوغداي مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن. بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر[2]».

دىمەك، يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىدىن تاكى 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغا قەدەر بولغان ناھايىتى ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق خوتەنلىكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، تېرىقچىلىق شەكلى، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئاستا- ئاستا دەۋرىلىككە —— ئادەتلىنىشكە يۈزلەنگەن. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي يازمىلار ۋە بۇ رايونغا يېقىنقى دەۋرلەردە كېلىپ كەتكەن ئارخېئولوگلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ كىتابلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان ۋە مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرگەن. بۇ يەرلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك، ھاۋاسى ئىللىق، يەرلىرى مۇنبەت، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، قەدىمدىن تارتىپلا تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بىر قەدەر ئىلغار» بولغان. «ھەر قايسى بوستانلىقلار ئاھالىسىنىڭ كىرىمى يېزا ئىگىلىكتىن كەلگەچكە كىشىلەر زور كۈچ سەرىپ قىلىپ،

---

① ئا. مۇھەممەد سايرامى: «قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ئىگىلىكى ھەققىدە» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1992- يىلى 4- سان) غا قارالسۇن.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» خەنزۇچە 1983- يىل 3- سان)

ئېرىقلارنى ياساپ تېرىقچىلىق قىلغان. بۇ ئېرىقلار خۇددى جانلىقلار تىنىدىكى قان تومۇرغا ئوخشاش تۇتۇشۇپ، تور ھاسىل قىلىپ، ھەر بىر پارچە يەرگە ھاياتى كۈچ ئاتا قىلغان. سۇغىرىش تورلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغان①».

## 2. تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار ۋە تېرىش — كۆكەرتىش شەكلى

خوتەندە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئومۇمەن مۇنداق بەش خىلغا بۆلۈنگەن: (1) كۆپ يەر ئىگىلەپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكى كىشىلەر تېرىقچىلىق قىلماي، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ يېرىنى كۆكەرتكۈچىلەر؛ (2) بىر قەدەر كۆپ يەر ئىگىلىگەن بولسىمۇ يېرىنىڭ بىر قىسمىدا ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىپ، خېلى بىر قىسمىنى باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كۆكەرتكۈچىلەر؛ (3) ئۆزىگە تەئەللۇق يەرنى ئۆزى تېرىپ ئىشلەپچىقارغۇچىلار؛ (4) ئۆزىنىڭ ئازغىنە يېرىدە تېرىقچىلىق قىلغاندىن سىرت، باشقىلارنىڭ يېرىگە ئىشلىگۈچىلەر؛ (5) پۈتۈنلەي يەرسىز بولۇپ، يىل بويى باشقىلارغا ئىشلەپ ئائىلىسىنى باققۇچىلار.

خوتەن بوستانلىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىش نىسبىتى ۋە ئەسىرلەردىن بۇيانقى تېرىقچىلىق قىلىشتىكى يۇقىرىقى ئايرىمىلار بىر خىل ئادەت شەكلىنى ئېلىپ، ئەۋلاتمۇ- ئەۋلاد داۋام قىلىپ كەلگەن. تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر- زېمىنى كۆپ ياكى ئازراق

① پېرژېۋالىسكى: «لوپنۇرغا سەپەر» (خۇاڭ جيەنمىن تەرجىمىسى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىل 8- ئاي 1- نەشرى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بولغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئىشلىمەي، باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىغانلار بولسۇن؛ ھەم ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھەم بىر قىسىم يېرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىغانلار بولسۇن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پۈتۈم بارلىقتا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا رىئايە قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.

«يەر ـــ ئالتۇن قوزۇق»، «يېرى بارنىڭ جېنى بار» قاتارلىق ئەقلىيەلەر بويىچە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد يەرگە باغلىنىپ ئۆتۈش، يەردىن چىققان نېسىۋىسىگە شۈكرى قانائەت قىلىش، پۈتكۈل ئاھالىنىڭ مەنىۋى تۆۋرىكىگە ئايلانغان.

يەر ئىگىلىرى باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشتا، ئادەم ياللاپ تېرىقچىلىق قىلىش ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ: يىللىق ياللانغۇچىلار ئادەتتە «يىللىقچى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى شۇ يەر ئىگىسىنىڭ تېرىلغۇسىنى بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ياكى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد شۇ ئائىلىدە «يىللىقچى» بولۇپ تۇرىدىغانلارنى كۆرسەتكەن. ياش، قاۋۇل ئەمگەكچىنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققى 60 چارەكتىن 80 چارەككىچە قوناق ھېسابلىنىپ، 60 چارەك قوناق بەرگۈچىلەرگە تاماق، كىيىم ـ كېچەك (يەر ئىگىسىنىڭ كونا كىيىملىرى) بېرىلگەن. 80 چارەك قوناق بەرگۈچىلەرگە يەر ئىگىسى تاماق بېرىپ، كىيىمنى ياللانغۇچى ئۆزى غەملىگەن.

يەر ئىگىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىدىكى ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: يەرنى ئىجارىگە بېرىش بولۇپ، يەر ئىگىسى مەلۇم كۆلەمدىكى يەرنىڭ سۇپىتىگە قاراپ، يىللىق مەھسۇلاتنى قوناقنىڭ چارەك ھېسابىغا توختىتىپ، دېھقاندىن يىل ئاخىرىدا توختاتقان ئاشلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان. دېھقانچىلىق بېجىنى يەر ئىگىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، سۇ ھەققى

ۋە ھاشار- مەدىكار قاتارلىق ئالۋاڭ- ياساقلارنى يەر ئىجارىگە ئالغۇچى تۆلىگەن.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل: تېرىلغۇ يەرنى ئوتاققا بېرىش بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر «ئوتاقچى» دېيىلگەن. يەر ئوتاققا بېرىش ئۇسۇلىمۇ بىر قانچە خىل بولۇپ:

بىرىنچى، بەشتە بەش (5:5) ئوتاق ئۇسۇلى بويىچە يەر ئىگىسى يەر چىقىرىپ، ئوتاقچى كۆچ چىقارغان. ئۇرۇق، ئوغۇت، ياكى ھايۋان كۆچىنىڭ بىرسىنى يەر ئىگىسى، يەنە بىرسىنى ئوتاقچى چىقارغان. غەللە- پاراق (دېھقانچىلىق بېجى ئاشلىقى) ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان ھوسۇلىنى ئىككى تەرەپ تەڭ نىسبەتتە ئالغان.

ئىككىنچى، ئالتىدە تۆت (6:4) ئوتاق ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يەر ئىگىسى يەرنىلا چىقارسا؛ ئەمگەك كۆچى، ئۇرۇق، ئوغۇت، ھايۋان كۆچى قاتارلىقلارنى ئوتاقچى چىقارغان. ئومۇمىي ھوسۇلدىن غەللە- پاراق ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان ھوسۇل ئون ھەسسە قىلىنىپ، ئالتە ئۈلۈشى ئوتاقچىغا، تۆت ئۈلۈشى يەر ئىگىسىگە مەنسۇپ بولغان.

ئۈچىنچى، ئىككىدە بىر (2:1) ئوتاق ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، يەر ئىگىسى يەر، ئۇرۇق، ئوغۇت، ھايۋان كۆچى چىقارسا، ئوتاقچى پەقەت ئەمگەك كۆچىنىلا چىقارغان. ئومۇمى ھوسۇلدىن غەللە- پاراق ۋە ئۆشرە ئاشلىق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قالغان ھوسۇل ئۈچ ھەسسە قىلىنىپ، ئىككى ئۈلۈشى (66.66%) يەر ئىگىسىگە، بىر ئۈلۈشى (33.33%) ئوتاقچىغا مەنسۇپ بولغان.

قەدىمدە ئوتاقلىشىپ يەر تېرىشنىڭ يۇقىرىقىلاردىن قىسمەن پەرقلىق بولغان باشقا ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلغان. شۇنداقلا، ئوتاقچى دېھقانلار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئېرىق- ئۆستەڭ چېپىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق ھاشار ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. يەر ئىگىسىنىڭ دەرەخلىرىنى چاتاش، بىدە- يېچان ئورۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. بۇنداق يەر تېرىشتىن باشقا، ئەمگەك ۋە ھاشار ئىشلىرى ئومۇمەن ھەپتىدە بىر كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭغا ئايرىم ئىش ھەققى بېرىلمىگەن.

پەسىللىك، ئايلىق، ھەپتىلىك ياللانغۇچىلار «كۈنلۈكچى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى كۈنلۈك ھېسابلىنىپ، ھەر تۆت كۈنلۈك ئىش ھەققىگە بىر چارەك قوناق بېرىلگەن.

## 3. خوتەن رايونىدا تېرىلىپ كەلگەن ئاساسلىق ئەنئەنىۋى زىرائەت تۈرى

1) بۇغداي. خوتەن رايونىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا قەدىمدىن بۇيان بۇغداي ئاساسلىق دانلىق ئاشلىق ھېسابلىنىپ تېرىلغان. ئۇنىڭ كۈزگى ۋە يازغى بۇغداي دېگەن ئىككى تۈرى بولۇپ، بۇ ——— بىرى 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ 11- ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدىغان، يەنە بىرى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4- ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدىغانلىقىغا قاراپ قويۇلغان نام ئىدى.

كۈزگە بۇغدايىنىڭ چىلگە كۈزگى (پاكار ئۆسىدىغان، يېتىپ كەتمەيدىغان، بالدۇر پىشىدىغان) ۋە ئاق كۈزگى (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئۇنى ئاق، چىلگە كۈزگىدىن كېيىنرەك 7- ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدىغان، ئورنىنى ئىككىنچى قونقى تېرىشقا بولىدىغان)، قارا كۈزگى (بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، تېرىغاندىن كېيىن كانجىلاشتىن باشقا 5- 6- ئايلاردا بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇغۇرۇلىدىغان،

7- ئايلاردا پىشىدىغان، ئېگىز ئورنىغا چامغۇر تېرىشقا بولىدىغان)دەپ ئاتىلىدىغان سورتلىرى بار ئىدى.

يازغى بۇغداينىڭ ئاق مەككە (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، دانىسى ئاق، ئۇنىمۇ ئىنتايىن ئاق، خېرىدارلىق، سېتىلىشتا باشقا يازغى بۇغدايلاردىن قىممەترەك، ئورنىنى ئېگىز قونىقى تېرىشقا بولىدىغان)؛ ھوسۇن چىلگە (دانىسى ئاق، ئورنىنى ئېگىز قونىقى، چامغۇر تېرىشقا بولىدىغان)؛ ئارپا بۇغداي (قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، بالدۇر پىشىدىغان، پاكار ئۆسىدىغان، يېتىپ كەتمەيدىغان)؛ ھورمەتلا بۇغداي (مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، كېيىنرەك پىشىدىغان، بىر قىسىم يۇرتلاردا ئورنىنى ماش ياكى چامغۇر تېرىيدىغان) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

2) قوناق (كۆممە قوناق). كۆممە قوناق رايونىمىزغا بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى كىرگۈزۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاق سۆزۈك (دانىسى چوڭ، شاپىلاق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرى، 4- ئايدا تېرىسا 9- ئاي ئاخىرىدا، يەنى 180 كۈندە پىشىدىغان)؛ قاپاق قوناق (دانىسى چوڭ، سارغۇچراق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، 5- ئايدا تېرىسا 9- ئاي ئاخىرىدا، يەنى 150 كۈن ئەتراپىدا پىشىدىغان، بىر قىسىم رايونلاردا خۇۋانى قۇناق، يىسىي قۇناق دەپمۇ ئاتايدىغان)؛ قارا پېپەك قوناق (دانىسى قىزغۇچ سېرىق، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئاش- تامىقى تەملىك)؛ ئارا چىلگە قوناق (ئارپا ئېگىزى ئورنىغا تېرىسىمۇ پىشىدىغان، سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى ئانچە يۇقىرى ئەمەس)؛ يورە پاكار قوناق، ئاق چىلگە قوناق (دانچىلىرى ئۇششاق ۋە يۇمىلاق، بىر باش قوناق دانلىرىنىڭ بەزى دانىسى ئاق، بەزى دانىسى سېرىق ئارىلاش، بۇغداي ۋە ئارپا ئېگىزلىرىغا 7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە تېرىسا پىشىدىغان)؛ ئېگىز قونىقى- تاش چىلگە (دانىسى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئۇششاق، پاكار ئۆسىدىغان. بىر قىسىم يۇرتلاردا 7ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنلىرىگىچە تېرىسا پىشىدىغان) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

3) شال. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە بىر قىسىم يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن خوتەنلىكلەرنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە شال تېرىشمۇ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىچىدىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى ئىدى. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلاردا شال تېرىشقا ئائىت ئىزلار بار. يېقىنقى زاماندىكى بىزگە مەلۇم بولغان دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر قىسىم ھاۋزىلار، تېيىز سۇلۇقلار شال تېرىشتىكى قولايلىق جايلار بولۇپ، قاراقاش، يۇرۇڭقاش، سانجۇ دەرياسى ۋە كېرىيە دەريا دەرياسى بويلىرىدا كەڭ كەتكەن شال ئېتىزلىرى بەرپا قىلىنىپ شال تېرىقچىلىقى داۋام قىلىپ كەلگەن. ئاساسلىق شال سورتى «قىزىل قولتۇق» ۋە «چىلگە شال» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خوتەنلىكلەردە پاخلىدىن ئايرىلىپ تەييارلانغان مەھسۇلات «گۇرۇنجا» دەپ ئاتالغان.

4) ئارپا. ئاساسەن ئۈچ خىل سورتى بولۇپ، سامان ئارپا (شەكلى گۇرۇچ ـ شالدەك، دانىسى شاكاللىق بولۇپ، شاكىلى (پوستى) بىلەن ئۇن تارتىپ تاسقىغاندا شاكىلى كېپەكى بىلەن ئەلگەكتە قالىدۇ. سامان ئارپىنىڭ مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، تاغلىق ۋە تۈزلەڭ رايونلاردا تېرىلاتتى)؛ كۆك ئارپا (رەڭگى كۆكۈش، مەھسۇلاتى بىر قەدەر يۇقىرى، كۆپرەك سۇ تەلەپ قىلىدۇ، بوستانلىقلار ۋە تاغلىق رايونلىرىدا تېرىلاتتى)؛ ئاق ئارپا ( (چىلگە ئارپا) بالدۇر پىشىدىغان، ئورنىنى قوناق تېرىشقا ھەم بالدۇر ئىستېمال قىلىشقا ئۆلگۈرگەچكە، ئۇزۇقى ئەتىياز پەسلىدىلا تۈگەپ قالىدىغان دېھقانلار ئەتىيازدا سۇ تاپسىلا بىر قىسىم يەرلىرىگە ئاق ئارپا تېرىتتى) قاتارلىق سورتلىرى بار ئىدى.

5) تېرىق (تېرىقنى قازاندا قورۇپ ئۇن تارتىپ نان يېقىپ يېيىشكە، ئۇماچ، يۇبدان ئېتىپ ئىچىشكە، ئۇننى قورۇق پېتى ياكى قايناقسۇغا سېلىپ ئىچىشكىمۇ شۇنداقلا چارۋا ماللارغا يەم- خەشەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ). ۋاقىت تاللىمايتتى، تېرىش پەسلى ئۆتۈپ كەتسىمۇ 7- ئاي ئاخىرىسىغىچە تېرىسىلا ھوسۇل ئېلىشقا بولاتتى. ياز كۈنلىرى كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ بىنام، جاڭگال بويلىرىدىكى قۇملۇقلارغا تېرىشقا بولىۋېرەتتى، بولۇپمۇ قۇم تۇپراقتا ياخشى ئۆسەتتى. قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، سۇ قىس ئەھۋالدا تېرىغان پېتى ھوسۇلى يېغىۋېلىنغاچقا، تېرىقچىلىقى ئاددىي، كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلمايتتى. بىناملىقلارنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىدىن توسۇپ، ئاق يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، بۇقۇسدا ھەيدەپ، بىرەر قېتىم سۇ ئالسىلا بولاتتى. ئوتاش، ئوغۇتلاش ھاجەتسىز ئىدى. تېرىقنىڭ باشىقى مۇشۇك قۇيرۇقىدەك ئۆسىدىغان يەنە بىر خىل (بۇنى ئىستىمال قىلىشتا تېرىقنى يەر سوقىسى بىلەن سوقۇپ، سىرتىدىكى بىر قەۋەت پوستىنى ئاجرىتىپ دانىنى ئايرىۋېلىپ، داننى شۇ پېتى بويىچە قازانغا سېلىپ يەڭگىل تاماق قاتارىدا كېسەللەر ۋە يېڭى تۇغۇتلىق ئاياللارغا ئاش ئېتىپ بېرىلىدۇ) سورتى بار ئىدى.

تېرىق مەخسۇس تېرىلغاندىن سىرت بىدىنىڭ يېڭى ئۆسكەن مايسىلىرىنى قۇياش نۇرى كۆيدۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىدە ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپمۇ تېرىلاتتى. بىدە ئاستا ۋە ئاجىز ئۆسكەچكە، تېرىق مايىسسى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، بىدە مايىسسىغا سايە تاشلاپ قۇياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلايتتى. شۇڭلاشقا يازدا كەلكۈن سۈيى كۆپرەك كەلگەن يىللىرى، قۇملۇق تۈزلەڭ رايونلاردا دېھقانلار ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە تېرىقنى كۆپرەك تېرىشقا تىرىشاتتى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



6) ماش، پۇرچاق. ئۇ ئادەتتە قارا ماش ۋە يېشىل ماش دەپ ئايرىلاتتى.

قارا ماش ئېگىز قونقىنىڭ ئارىسىغا تېرىلغاندىن تاشقىرى، يازدا بۇغداي ئېگىزى ئورنىغا مەخسۇس تېرىلغان. بۇنداق مەخسۇس تېرىلغان ماشلارغا بىر قېتىم سۇ ئالغان ياكى تۇپراق كۆچلۈك بولسا سۇ ئالماي، تېرىغان پېتى مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغان (قارا ماشنىڭ ئالاھىدىلىكى قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولۇپ، سۇنى كۆپ ئالسا كۆكلەپ كېتىپ دان تۇتمايدۇ).

يېشىل ماش پاكار غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ مەخسۇس كۆلەمگە تېرىشقىمۇ ۋە باشقا خىلدىكى زىرائەتلەرنىڭ قىر، ئورەك، قۇر ئارىلىقلىرىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىشقىمۇ بولاتتى. يېشىل ماش چوكىلىرى ئىلگىرى- كېيىن پىشقانلىقى ئۈچۈن، پىشقان چوكىلىرىنى ئۇدۇللۇق ئۈزۈۋېلىپ ھوسۇل يىغىۋېلىنغان ھەمدە تىبابەتتە دورىلىق قىممىتىگە ئىگە دەپ قارالغان.

لوۋىيا. لوۋىينى مەخسۇس يەرگە تېرىماستىن قوغۇن- تاۋۇز، سەي- ئوتياش، بالدۇر قوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ قىر، ئورەك بويلىرىغا باش ئەتىياز يەنى ــــ 3- 4- ئايلاردا تىكىپ، ھوسۇلنى بىراقلا يىغىۋالماستىن لوۋىيا چوكىسى سارغايغاندا ئۇدۇللۇق ئۈزۈپ، قۇرۇۋۇتۇپ، سوقۇپ مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغان.

پۇرچاق. پۇرچاقنىڭ تۈرى ۋە رەڭگى كۆپ بولۇپ، ئۇ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت خىلغا ئايرىلاتتى. مەسىلەن، تاغلىق رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماس كېلىدىغىنى؛ تۈزلەڭ ، قۇرغاق رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماس كېلىدىغىنى؛ مەخسۇس كۆلەمگە تېرىلىدىغان پۇرچاق ۋە باشقا زىرائەتلەرگە كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدىغان ياكى بىر قىسىم زىرائەت ئېتىزلىرىنىڭ قىر-

ئورەكلىرىگە تېرىلىدىغان پۇرچاق، دېگەندەك. پۇرچاق تۇپراق تاللىمايدىغان، سۇنى كۆپرەك تەلەپ قىلىدىغان، باش ئەتىيازدا تېرىسا كۈزدە ھۇسۇلى يىغىۋېلىنىدىغان زىرائەت بولغاچقا 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن بۇرۇن خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئاق ۋە كۆك پۇرچاق، تۇزلەڭ رايونلاردىكى كوكتاتلىق- ئوتياشلىق ئېتىزلىرىنىڭ قىر- ئورەكلىرىگە ئاق پۇرچاق تېرىلغان.

7) كېۋەز. خوتەنلىكلەر ئارىسىدا قەدىمكى دەۋردە كاپايسا (**kapaysa**) دەپ ئاتالغان. كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق «كېۋەز» دېيىلىدىغان بولغان. «كېۋەز» دىگەن بۇ ئاتالغۇ بەزىدە «پاختا» دەپ ئېيتىلىپ، تېرىلغىنىمۇ ھەم ئېچىلغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغىنىمۇ ئوخشاش «پاختا» دېيىلىپ كەلگەن.

كېۋەز تېرىشتا «ئاۋۋال قىرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭلايمىز، ئاموت چېچەكلىگەندە ئوسا قىلىمىز. ئوسا قىلىپ ئۈچ- تۆت كۈندىن كېيىن يەرنى ئاختۇرۇپ- ھەيدەپ، ئاۋۋال ئوقىنى تارتىپ، ئاندىن كېيىن چۆنەك تارتىپ، چىگىتنى ھۆل توپىغا ئېلىشتۇرۇپ، ئاز- تولا سىيادان، كۈنجۈت قوشۇپ، چېلەككە چىگىتنى ئېلىپ چۆنەكنىڭ تۆپىسىگە سېپىمىز. ئاندىن كېيىن تاماقتا تاتىلاپ ئۇرۇغنى تېگىگە چۆكتۈرىمىز. ئالاھەزەل ئون بەش- يىگىرمە كۈندە كېۋەز ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۈنۈپ ئىككى- ئۈچ كۈندە بىر- ئىككى قولاق بولىدۇ. كۈندە ئوتايمىز. ئاندىن يايىمىز[1]. ئىككىنچى ئوتاقتا چۆنەكنىڭ ئىچىنى بىر ئادەم كەتمەندە قىرىپ بېرىدۇ. بەل[2] بىرلە كېۋەزنىڭ تېگىنى يۇمشاتقۇچ ئوتايمىز. سۇغىرىمىز، كېۋەز چېچەكلەيدۇ. بەزىسى سېرىق، بەزىسى قىزىل چېچەكلەيدۇ. قېلىن بولۇپ قالسا تاقلىۋېتىمىز. شالاك قويۇپ قويىمىز. شالاك قويغان كېۋەز

① يايىمىز ــــ سۇغۇرىمىز.

② بەل ــــ ئوتىغۇچنىڭ بىر تۈرى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



جىق غوزا بولىدۇ ھەم جىق شاخلايدۇ. ئوتىماق ھەم ئاسان. قۇۋۋەتلىك يەرگە تېرىغان كېۋەزنىڭ تۈپ ئارىسى كەڭرى بولسا، ئادەم كېۋەزلىككە شۇنداق كىرسە چۆكۈپ كېتىدۇ» (گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1997ـ يىل 12ـ ئاي 1ـ نەشرى218ـ بەت)

كېۋەزنىڭ قەدىمدىن بۇيان تۆت خىل سورتى بولۇپ، «ئاق پاختا»، «ئاق كورا پاختا» (تېرىش ئومۇملاشقان)، «مەلە پاختا» (رەڭگى سېغىز رەڭدىن توقراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىپ ئىگىرلىپ خام، چەكمەن توقۇپ، بويىماستىنلا كىيىم تىكىپ كىيىلگەن)، «كەنجى كېۋەز» دەپ ئاتالغان.

«ئاقكورا» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنىۋى كېۋەز سورتى بولسا، غولى كۆنجۈت غولىغا ئوخشاش تىك ۋە ئېگىز ئۆسىدىغان، شاخلىمايدىغان، ھەر بىر تال يوپۇرماق تۈۋىدىن بىر ئىككى تال غۇنچىلاپ غوزا تۇتىدىغان، غوزىسىنىڭ تۈۋى چوڭ، ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، تېرىش مەزگىلى ئاق پاختا بىلەن ئوخشاش، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېۋەز سورتى ئىدى. ئۇ پەقەت سۇ كىرمىسىمۇ ئازـ تولا ھوسۇل بېرىش بىلەن باشقا سورتلاردىن پەرقلىنەتتى. «ئاقكورا» كېۋەز سورتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆسۈش مەزگىلى تاماملانغاندىن كېيىنمۇ غوزىسى ئېچىلمايتتى. ئۆششۈك ئۆتكەندىن كېيىن، غوزىسى ئۈزۈۋېلىنىپ، قۇرىغاندا پاختىسى چىقىرىۋېلىناتتى. ئەمما پاختا تالاسىنىڭ سۈپىتى ئاق پاختىدىن قېلىشمايتتى، بەزىدە غوزا (قۇرۇتۇلغان) پىتى سېتىلاتتى.

«كەنجى پاختا» يەرلىك سورت بولۇپ، ئۆسۈش مەزگىلى 110 كۈن ئەتراپىدا بولغاچقا، ئېغىر قۇرغاقچىلىق مەزگىللەرنىڭ ئەتىيازلىقى سۇ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن پەقەت كەلكۈن كەلگەن پەسىللەردە (6ـ ئاينىڭ

باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە) تېرىلىدىغانلىقىغا ئاساسەن «كەنجى پاختا» دەپ ئاتالغان.

8) مايلىقدان. قەدىمدىن بۇيان خوتەندە زىغىر، زاغۇن، كەندىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قىچا، كۈنجۈت، سىيادان، مونۇسكا قاتارلىق مايلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغان. زىغىر مەخسۇس كۆلەمگە تېرىلاتتى. كونا-يېڭى بىنالاردا تۇپراق قاتلىمى نىپىز بولغان جايلاردىمۇ ئۆسۈۋېرەتتى. ئوتاش، ئوغۇتلاش كەتمەيتتى. بىراق، سۈنى كۆپرەك تەلەپ قىلاتتى. 3-ئايدا تېرىسا 9- ئايدا پىشاتتى. ئورنىنى ئىككى يىل ئاق قالدۇرۇپ، يەرنى هاردۇق ئالدۇرمىسا بولمايتتى. چۈنكى سۈنى كۆپ ئالغاچقا تۇپراق ئاجىزلاپ هوسۇل چىقمايتتى. زاغۇن بۇغداي بىلەن ئارلاشتۇرۇلۇپمۇ (زاغۇن تارقاتقان بىر خىل ئاچچىق پۇراق ئارقىلىق بۇغدايلىققا پىت چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) ياكى مەخسۇس كۆلەمگىمۇ تېرىلاتتى.

9) بېدە. خوتەن بوستانلىقىدا بېدە سورتى «نو بېدە»، «قاشقا بېدە» قاتارلىق ئىككى خىل بولۇپ، كۆلەملىك بېدە تېرىلغاندىن باشقا بىر قىسىم بىنام يەرلەرگە ئاختارما (ئاق يەر) قىلىنىپلا بېدە تېرىلىپ، تاماق بىلەن تۈزلەنگەندىن كېيىن، باشقا زىرائەتلەرگە سۇ ئېلىنىپ، سۇ جىددىيلىكى بىر ئاز پەسەيگەندە ئۈستىدىن سۇغىرىلاتتى.

10) كەندىر. بىر خىل ياغلىق دان ئۆسۈملۈكى بولۇپ، يۇرت كەندىرى ۋە ياۋا كەندىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. يۇرت كەندىرى ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا بىر خىل ئاساسلىق ياغلىقدان سۈپىتىدە كەڭ تېرىلىپ كەلگەن. كەندىر بىر- ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئەركەك كەندىر ۋە چىشى كەندىر دەپ ئايرىلىدۇ. ئەركەك كەندىر چېچەكلىسىمۇ مېۋە تۇتمايدۇ. شاخلىرى ئاز، تېز ئۆسىدۇ، بالدۇر پىشىدۇ. چىشى كەندىر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كۆپ شاخلايدۇ، كېيىنرەك پىشىدۇ. كەندىر تېرىلىش مەۋسۇمىغا قاراپ يەنە ئىگىز كەندىرى ۋە ئاق يەر كەندىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىگىز كەندىرى باش ئەتىيازدا بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ قىرىغا تېرىلىدۇ. بۇغداي ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئىگىزغا تېرىلغان زىرائەتتىن بۇرۇنراق پىشىدۇ. شۇڭا، ئىگىز كەندىرى دېيىلىدۇ.

ئاق يەر كەندىرى 4- ، 5- ئايلاردا ئاق يەر قونىقى ئېتىزلىرىنىڭ قىرىغا ياكى مەخسۇس يەرگە تېرىلىپ، قوناق بىلەن تەڭ پىشاتتى. كەندىر يىغىۋېلىنىپ، شاخلىرى تولۇق قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن يىلتىز تەرىپى ئۇشتۇلۇپ تاش پوستى سويۇۋېلىناتتى. مانا بۇنداق پوست «كەندىر قاۋزىقى» دەپ ئاتىلاتتى. كەندىر قاۋزىقى سۇس ئاق ياكى قايماق رەڭ بولۇپ، تالا ئۇزۇنلۇقى 50~150 سانتىمېتىرغىچە؛ ئاق يەر كەندىرىنىڭ قاۋزاق مەھسۇلاتى ئىگىز كەندىرنىڭكىدىن يۇقىرى، تالاسىمۇ ئۇزۇنىراق بولاتتى. ئەركەك كەندىرنىڭ قاۋزىقى تالا ئۇزۇنلۇقى، مەھسۇلاتى ياكى چىدامچانلىقى جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.

## 4. ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق ئادىتى، ئۇسۇللىرى، تېرىش مەزگىلى ۋە پەرۋىشى

خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق شەكلى ۋە ئۇسۇلى، ئۇزاق ئەسىرلىك دېھقانچىلىق ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن. بۇلار سۇ، تۇپراق، كىلىمات، پەسىل- شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن جەريانىدۇر.

خەلقىمىز ئۇرۇق سېلىشتا (دان تىكىشتە): قۇرۇق توپىغا (ئاق يەرگە) ئۇرۇق سېلىش، ئۇسىغا ئۇرۇق سېلىش، ئورەك ئېلىپ ئىككى

چېتىگە ئۇرۇق سېلىش، چوڭەكلەپ چوڭەك ئۈستىگە ئۇرۇق سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان.

ئەجدادلىرىمىز قوناق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر ئۇرۇقىنى زاغۇن يىغى بىلەن ياغلاپ (ئۇرۇقلۇقنى زاغۇن يىغى بىلەن نەمدەپ) سېلىپ تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بىرى، زاغۇن يېغىنىڭ ئالاھىدە ئاچچىق بولۇشى كۆمۈلگەن ئۇرۇق ۋە مايسىنى ھەر خىل قۇرت، زىيانداشلار ئاپىتىدىن ساقلىغان. ئىككىنچىسى، زاغۇن يېغى ئوغۇتلۇق رول ئوينىغاچقا، مايسا سوقتا ۋە ئەتكىزى قېنىق ئۆسكەن. ئۈچىنچىسى، زىرائەتنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەزگىلسىز ئۇسساپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

تېرىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئېتىز بويىچە تېرىش، ئارىلاش تېرىش، مەخسۇس تېرىش، چېچىپ تېرىش، بوسۇقىدا تاپ ئېچىپ تېرىش، قول بىلەن تىكىپ تېرىش قاتارلىق جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

خوتەن رايونىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا سۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىدە بۇ ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، بىرقىسىم ئاق يەرلەرگە (ئاختارمىغا) ئۇرۇق سېلىپ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەتىيازدىكى «چېچەك سۈيى» مەزگىلىدە ئۈستىدىن سۇ باشلىناتتى. بۇ خىل ئۇرۇق سېلىش ئادىتى كۆپىنچە بىر قىسىم قوناق ۋە يازغا بوغداي تېرىلغۇسىدا داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن ئىدى.

قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، تېرىش مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەرقايسى ئۆزۈك بوستانلىقلاردا —— بولۇپمۇ چىرا ۋە گۇما بوستانلىقلىرىدا يەرگە ئۇرۇق سېلىشنىڭ بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە- ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان:

بۇنىڭ ئىچىدە كونا ئوسغا تېرىش —— بالدۇرقى يىلى كەچكۈزدە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



سۇغۇرۇلغان، قىشتا توڭلاپ ئەتىيازدا ئوسىسى ئۆرلەيدىغان يەرلەرگە قوناق تېرىپ، 6- ئايلارنىڭ باشلىرىدىكى كەلكۈن مەزگىللىرىدە يېيىغ سۇيى قۇيۇلىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسەتسە؛ ئاقئا تېرىش ــــ ئاق يەرنى ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەپ ئوغۇتلاپ، ئۇرۇق تىكىش ئارقىلىق ۋاقتىنى ئۆتۈپ، ئارقىدىن سۇغۇرۇش ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ.

داڭغا تېرىش ــ تېرىلغان يەرلەر تېخى ئۇغۇتلىنىپ، ئاغدۇرۇلۇپ تۈزلەنمىگەن، پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەردىن كەلكۈن بالدۇر كېلىپ قالغان، تېرىش مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىشكە بىر نەچچە كۈنلا قالغان ئەھۋالدا، يەرلەر ئالدىراشلا قىرلىنىپ، ئاغدۇرۇلمىغان يەرگە بوقۇسا بىلەن تاپ ئېچىپ، ئۇرۇق سېلىنىپ، ئارقىدىن سۇغۇرۇلغان. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇرۇق سېلىش ئۈلگۈرمىسە، ئالدىن سۇغۇرۇپ ئارقىدىن ئۇرۇق سېلىنغان.

يامغۇر ئوسىسىغا تېرىشتىمۇ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، 5- ئايلاردا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يەر نەملىكى 20cm دىن ئاشسا ــــ يەنى يامغۇر نېمى يەر تېگىدىكى كونا نەمگە ئۇلاشسا، دېھقانلار ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ ئوسىنى قولدىن بەرمەي داڭغا تېرىش ئۇسۇلى بويىچە قوناق تېرىغان. بۇنىڭ بىلەن كەنجى قوناق تېرىلماقچى بولغان يەرگە ئورتا قوناق تېرىلىپ، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىنغان.

قوناق ئۈنۈپ مايسا تەكشىلىنىپ بولغاندا، تاپ ئارىلىقى چوڭقۇر ۋە يۇمشاق چانىلىپ نەملىك ساقلىنىپ 6- ئاينىڭ باشلىرىدا كەلكۈن كەلگەندە يېيىغ سۇيى قۇيۇلغان. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئورتا ياكى كەنجى قوناق تېرىش ئورنىغا بالدۇر قوناق تېرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقتىن، ۋاقتىنى ئۆتۈپ، يەككە مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈپ كۆپرەك ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى.

چۈنكى، بۇرۇنقى چاغلاردا تېرىلىدىغان يەرلىك كۆممەقوناق سورتلىرىدىن خوۋانى قوناق، ئاق ئات چىشلىق قوناق، يېسى قوناق قاتارلىق بالدۇر

قوناق سورتلىرىنىڭ نورمال ھالدىكى ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 600~800 جىڭ، ئايرىم ئەھۋاللاردا مىڭ جىڭغا يېتەتتى؛ يۇرە قۇناق، ئاق سېرىق قوناق قاتارلىق ئورتا قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 350~600 جىڭ ئەتراپىدا؛ پاكار قوناق، يۇرە پاكار قوناق قاتارلىق كەنجى قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 150~350 جىڭ ئەتراپىدا؛ تاش چىلگە قۇناق، ئۇندى- پىشتى قوناق قاتارلىق ئالاھىدە كەنجى قوناق سورتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 100جىڭ ئەتراپىدا بولاتتى. دېمەك، تۇپراق شارائىتى ۋە پەرۋىش قىلىش ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، قوناق سورتى ۋە تېرىلغۇ ۋاقتىنىڭ بالدۇر- كېيىن بۇلىشى يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

مۇبادا، يەرنى سۇغىرىپ بولۇپ، ئوسىغا تېرىشنى كۈتۈپ تۇرسا، يەرنىڭ ئوسسى كېلىشكىچە ئۈچ- تۆت كۈن، ئوسىنى ئاغدۇرۇپ تۈزلەپ تېرىپ بولغىچە يەنە بىر نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقتىن، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بالدۇر ياكى ئورتا قوناق تېرىش مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىپ، بالدۇر قوناق تېرىش ئورنىغا ئورتا قوناق، ئورتا قوناق تېرىش ئورنىغا كەنجى قوناق تېرىشقا مەجبۇر بولۇپ، يەككە مەھسۇلات ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتتا نۇرغۇن زىيان تارتىپ قالاتتى. «ئاققا تېرىش» ئۇسۇلىنى قوللانغاندا بولسا، بىر نەچچە كۈن ۋاقىتنى ئۇتۇپ، بالدۇر ياكى ئورتا قوناق تېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كۆپرەك ھوسۇل ئالايتتى.

قوناق تېرىشنىڭ جەريانلىرى، پەرۋىشى ۋە ئۇنى يىغىۋېلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكى بايانلاردا تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: «يەرنى ئوسا قىلىپ، ئۇينى، بوقۇساني يەر تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇينى بوقۇساغا قوشۇپ يەر ھەيدەيمىز. بىر ئادەم بىر بوقۇسانىڭ كەينىدىن بىرلە مېڭىپ، بوقۇسا جىجىغان يەرگە قوناق ئۇرۇغىنى بىردىن- بىردىن

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



سالدۇ. قوناق تېرىلىپ ئون بەش كۈنــدە ئۈنــۈپ بولــدۇ. ئون بەش كۈندە ئۈنگەن قوناقنىڭ ھەممىســىدىلا دان بولۇۋەرمەيــدۇ. ئون كۈنــدە ئۈنگەن قوناق ياخشى بولىدۇ. ئون بەش كۈندىن كېيىنكى تۆت كۈنــدە ئۈنگەن قوناق بەزى ۋاقىتدا ئۈششۈپ كىتىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۈنگەن قوناق ئەسلا بولمايدۇ. قوناق يەردىــن ئۈنــۈپ چىقىــپ، تــۆت- بەش كۈنــدە ئىككى- ئۈچ شاخ ئايرىيدۇ. ئاندىن، ئون بەش كۈندە ئوتاپ سۇغىرىمىز. ئۈچــۈنجىلەيمىز[1] . ئانــدىن قونــاق پىــپەك چىقىرىــدۇ[2] . ئارقىــدىن تۆتىنجىلەيمىز. قوناق باش تارتىدۇ. دان سۈيىدە ئۈبدان بىر ســۇغىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن پىشىدۇ. ئاندىن كېيىن قوناقنى ئالىمىــز. خامانغــا ئېلىــپ بېرىــپ، يېيىــپ قــويىمىز. ئاخشــاملىقتا ئون- ئون بەش ئادەم قاتــار ئولتۇرۇپ سويىمىز. بۇنداق چاغلاردا بەزى ئادەملەر 〈بۇرۇن بۇرۇنىدى، توخۇ تورنا ئىدى، قىرغۇل جەندە ئىدى، قۇيرۇقى يەردە ئىــدى〉 دەپ چۆچەك ئوقۇپ بىرىدۇ». («ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى». گۈننــار ياررىڭ 〈شىۋېتسىيە〉 . مىللەتــلەر نەشــرىياتى 1997- يىــل 12- ئاي 1- نەشرى 216- بەت)

ئۈنىڭدىن باشقا بىر قىسىم تاغلىق رايونلاردا (چىــرا ناھيەســىنىڭ ھازىرقى بوستان 〈ئىماملا〉 ، بۇزاڭ، سارلۇك، ئاقچىغ؛ كېرىيە ناھيىسىنىڭ ئاتچان، پۇلۇ؛ گۇما ناھيەسىنىڭ سانجۇ، كەڭقىر؛ خــوتەن ناھيەســىنىڭ قاشتېشى 〈قاراڭغۇ تاغ〉 قاتارلىق نەچچە ئونلىغان يېزا- كەنتلىرىدە) جۆي ئېچىپ ئۇرۇق سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ تاغلىق رايونلاردا دېگىدەك ئارپا ۋە ئاز بىرقىسىم قوناق سورتلىرىنى تېرىشتا، يەر شــەكلى ئويمــان، چوڭقۇر بولۇشى سەۋەبىدىن قىر سېلىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ھەم ئېرىــق- ئارەك ئېلىپ يەر سۇغۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك

① ئۈچۈنجىلەيمىز ــــ ئۈچىنچى قېتىم پەرۋىش قىلىمىز.

② پىپەك ــــ پۆپۈك

بولمىغاچقا، دۆڭلۈك ياكى ئېدىر يەرلەرنى بوغۇس بىلەن ئاغدۇرۇپ (بوغۇس چىشىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاختاي ياكى پايىتىما تېڭىپ) تىك بۇلۇڭلۇق قىر شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئۇنى يىلان باغرى ياكى چەمبەر شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇپ، جۆيىنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇرۇق سېلىش (ياكى ئالدى بىلەن ئۇرۇقنى چېچىپ ئۈستىدىن جۆي ئېلىش) ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان.

جۆي ئېچىپ تېرىلغان زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇشتا پارچە- پارچىلارغا بۆلۈنگەن بۇ خىلدىكى زىرائەت ئېتىزلىرىغا «بىر جۆيلۈك سۇ» باشلىنىپ، مەلۇم بىر پارچە يەرگە سۇ جۆي بېشىدىن ئاخىرىغا بىر كېچە- كۈندۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ۋاقىتتا بېرىپ، جۆي توشقاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن پەسكە ئېقىپ كەتكەن (قەدىمدىن بۇيان خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا زىرائەت تېرىشتا قوللىنىلىپ كېلىنگەن بۇ ئۇسۇل بىر قىسىم جايلاردا ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كەنت- مەھەللىلەردە ھېلىھەم قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە).

تېرىلغۇ يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى، سۇ تۇتۇش، پەرۋىش قىلىش، زىيانداش ھاشارەتلەر ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ساقلىنىشنى، زىرائەتلەرنىڭ تېرىش ۋە پىشىش مەزگىللىرىدىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىرىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتقان خەلقىمىز: بۇغداينى زاغۇن بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىش، قوناقنى ماش بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىش، قوناقنى لوۋىيا بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىش، بېدىگە تېرىق كىرىشتۈرۈپ تېرىش، بۇغدايلىقتا كەندىر ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزلىككە تاۋۇز ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كېۋەزلىككە زاراڭزا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، قوغۇنلۇقتا تاۋۇز ۋە لوۋىيا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كۆكتاتلىقتا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلغان.

خەلقىمىز كەچكۈزدە ئېتىزلارغا توك ياتقۇزۇش؛ يەرلەرنى ئاپتاپقا سېلىپ، نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش؛تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تۈرىگە ئاساسەن قىر سېلىپ ئېتىزلارنى تەكشىلەش، ئۆكۈز، قېچىر، ئات قاتارلىقلارنى ساپانغا قوشۇپ يەر ئاغدۇرۇش؛ ئۇرۇق سېلىشتا نىيىتى دۇرۇس بولۇش، نامازسىز ئۇرۇق سالماسلىق؛ ئۇرۇقلارنىڭ تولۇق كۆملىشى ئۈچۈن، ئۈستىدىن سۆرەم سېلىش؛ بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى تولۇق ئۈنمىسە قايتىدىن ئالىلاش (تولۇقلاپ تېرىش)؛ بىر قىسىم زىرائەتلەر ۋە مايلىقدان زىرائەتلىرى تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىزلىققا قارانچۇق تىكلەپ قۇشقاچ قاتارلىق جانىۋارلارنىڭ ئۇرۇقنى يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ زىيانداش ھاشارەتلەر ۋە كېسەللىكتىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن ئېتىز قىرلىرىغا كەندىر، زاراڭزا قاتارلىقلارنى تېرىش، بۇغداي مايسىلىرى باش چىقارغاندا سېرىقلىق ۋە پىت چۇشۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆل چېچىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئادەتلەر ئاساسىدا تېرىقچىلىق قىلغان.

تېرىش مەزگىلى كۈزدە 10ـ ئايدىن يەر توڭلىغىچە، ئەتىيازدا توڭ ئېرىگەندىن 5ـ ئايغىچە ۋە يازدا كەلكۈن سۇيىدىن پايدىلىنىپ 6ـ ئايدىن 8ـ ئايغىچە ئاساسەن ئۈچ پەسىلنى ئاساس قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان. دېھقانلار ئارىسىدا «بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، بەش كۈن بۇرۇن پىشىدۇ»، «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» دېگەنگە ئوخشاش ماقال كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلاردا تېرىش مەزگىلى توغرىسىدىكى تەجرىبە- ساۋاق يەكۈنلەنگەن.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق شەكلى، ئۇسۇل- ئادەتلىرى توغرىسىدا تارىخىي پاكىتلاردىن باشقا يەنە مول فولكلور

بايلىقىمىز ئىچىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلار ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندىكى «قارىماندىن يەر ئالدىم» ناملىق راۋاب قوشىقى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ قوشاقنى قدىمدىن بۇيان خوتەن رايونىدا سۆپەتلىك بوغدايلىرى بىلەن:«دامكۇ، گۇلاخمانىڭ بۇغدىيىنى يىگەن قۇشقاچ مەككىدىن قايتىپ كېلىدۇ»، دەپ تەرىپلىنىدىغان چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ يېزىسى پۇناق كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن تۇرسۇنتوختى ئاخۇن خەلپە ئىسىملىك خەلق قوشاقچىسى 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا توقۇپ، مەھەللىۋى مەشرەپلەردە راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق (تېرىقچىلىق ۋە يېغىمنىڭ ھەر بىر شەكلى، ئۇسۇلى، قول، چىراي، بەل ۋە پۇت ھەركىتى بىلەن تەقلىدى دوراپ كۆرسىتىلىدۇ) خەلق ئارىسىغا تارالتقان بولۇپ، شۇ كەنتتىكى ئەلنەغمىچى ئەيسا ھەسەننىڭ راۋاپچىلىق بايانىغا ئاساسەن خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ تولۇق ۋە تەلەپپۇزلۇق تېكىستى مۇنداق:

*چىللە كېتىپ، قىش كېتىپ،*
*بۇ يىل ئەتىياز بولدى.*
*قارىماندىن يەر ئالدىم،*
*دېھقان بولۇتمە ئەمدى.*
*ھەر كەتمەنلىرىم شۇنداغ،*
*ئوتنى چاپىتمە مۇنداغ.*
*ئوتلارنى چېپىپ بولاپ [بولۇپ]،*
*ھەر تاماقلىرىم مۇنداغ.*
*ئوتنى تاتىلايتمە شۇنداغ.*
*ئوتنى تاتىلاپ بولاپ،*
*يەرنى قى- [قىر]لايتمە شۇنداغ،*

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



يەرنى قىلاپما بولاپ،
ئاسا[ئوسا] سالىتمە شۇنداغ.
ئاسنى سىلىپ بولاپ،
ئۈچ كۈن بولغاندا بارسام؛
ئىتىزغا نەزەر سالسام،
ئاسا كىلىشىپتۇ شۇنداغ.
ئۆيەمگە [ئۆيۈمگە] بىرىپ ئاندىن،
ئالتە ئىشەكنى ھەيدەپ،
قىغنى تۇشۇيتمە شۇنداغ.
ئىتىز- ئىتىزغا دۆۋىلەپ،
قىغنى توشۇپما بولاپ،
قىغنى چاچىتمە شۇنداغ.
قىغنى چىپچىپما بولاپ،
غاندا بارسام،
قىنىئۆيلەرگە بىرىپ ئاندىن،
ھەر ئۆيــ [ئۆكۈز]لىرىمىز شۇنداغ،
ھەر مۇڭگۈز [مۇڭگۈز] لىرى مۇنداغ،
توقاي بوغۇســ [بوقۇسا]لىرى شۇنداغ،
يەرنى ئاختىرىپ [ئاغدۇرۇپ]، تۇزلەپ،
ئۇرۇغ سالىتمە شۇنداغ.
ئۇرۇغنى سىلىپ بولاپ،
سۆرەم سالىتمە شۇنداغ.
سۆرەمنى سىلىپ بولاپ،
ئۇرۇغ تىكىتمە قىيغا.

ئىشنى تۈگىتىپ ئۆھ دەپ،
ئۆي دەپ چىقتىمە يولغا.
ئون كۈن بولغاندا بارسام،
مايسا ئۈنۈپتۇ شۇنداغ.
بىر ئاي بول بېپپتۇ شۇنداغ.
ئۈچ ئاي بولغاندا بارسام،
تاختا بولاپتۇ شۇنداغ.
تۆت ئاي بولغاندا بارسام،
سېرىقتال بولاپتۇ شۇنداغ.
بەش ئاي بولغاندا بارسام،
بۇغداي پىشىپتۇ شۇنداغ.
ئۆيەمگە بېرىپ ئاندىن،
ئوغاق ئەكتىمە مۇنداغ،
ھەر ئوغاقلىرىم شۇنداغ،
بۇغداي ئورنىمە يۆگەپ،
بۇغداينى ئوراپ [ئوروپ] بولاپ،
ئەنجى توشۇيتىمە دۆۋىلەپ.
ئەنجىنى توشۇپ بولاپ،
ھەر مۇمۇن[مۇما]لىرى شۇنداغ،
ھەر پۆپۈكلىرى مۇنداغ،
ئالتە كالىنى ھەيدەپ،
خىيمان قوشتىمە شۇنداغ،
«لاي- لاي» ئېيتتىمە مۇنداغ.
خىيماننى قوشاپ بولاپ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# خوتەن شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

بىلمي[بۇلە] ئارتىمە مۇنداغ.
بىلمىنى ئارىپ بولاپ،
ھەر ئارىلىرىم شۇنداغ،
خامان سورۇيتمە مۇنداغ.
خاماننى سورۇپ تۇرسام،
كۆكقۇيشى كەلدى شۇنداغ.
كۆكقۇيشنى باشلاپ تۇرسام،
دوغىلار كەلدى مۇنداغ.
دورغىنى باشلاپ تۇرسام،
ئاشىر[1]مۇ كەلدى شۇنداغ.
ئاشىرنى باشلاپ تۇرسام،
بېگىممۇ كەلدى مۇنداغ.
بېگىمنى باشلاپ تۇرسام،
خېنىممۇ كەلدى شۇنداغ.
خېنىمنى باشلاپ بولاپ،
بۇغداي كەملەيتمە شۇنداغ.
بېگىمنىڭ ئالغىنى شۇنچە،
ماشا قالغىنى ئارۇن [ئاز].
قالاپ [قاراپ] قېپىتمە شۇنداغ،
يىغلاپ سىپىتمە مۇنداغ.[1]

① ئاشىر ـــــ ئۆشرە- زاكات يىغقۇچى

① بۇ راۋاب قوشىقى، مەھەممەتتوختى ئەھمەت تەرىپىدىن رەتلىنىپ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىل 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخا بويىچە ئېلىندى.

تەكلىماكاننىڭ شىمالىدىكى كونا دامكۇ خارابىسى، دەنــدەنئۆيلۈك، «ئۇزۇنتات» قاتارلىق قەدىمكى شەھەر- قەلئەلەر خارابىسىدىن پەقەت بىر قانچە ئون كىلومېتىر يۇقىرىسىغا (جەنۇبىغا) جايلاشقان هــازىرقى يۇنــاق كەنتىدىكى دېهقان راۋاپچىنىڭ بۇ قوشاقلىرى ئۆزىدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق جەريانىنىــڭ ھەر بىــر ئىــش تەرتىپــى، ۋاقتــى ۋە ئۇســۇلىنى ســاقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

## 5. خامان ئېلىش، كەپسەن ئايرىش ۋە خامان ناخشىسى

خامان ئېلىــش قەدىمــدىن بۇيــان ئاساســلىق دانلىــق ئاشــلىق زىرائەتلىرىــدىن بۇغــداي، قونــاق قاتــارلىقلارنى تېرىــپ كېلىۋاتقــان خوتەنلىكلەر ئۇچۇن «ئۆلەگىنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغــدەك»بولــدىغان، ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقى تەلەپ قىلىنىــپلا قالماســتىن ھەر بىــر كىشــىگە ھۇسۇل خوشاللىقى ئېلىپ كېلىدىغان دېهقانچىلىق جەريانىــدىن ئىبــارەت. يەرلىك شىۋىدە «خىمان قوشۇش»،«خىمان تېپىن»، «خىمان سورۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دېهقانچىلىق جەريانىنىڭ: بۇغداي خــامنى ئېلىــش، قۇناق خامنى ئېلىش، شال خامنى ئېلىش ۋە كەندىر، زاغــۇن- زاراڭــزا خامنى ئېلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل خامان ئېلىش شەكلى ۋە بۇلارغا ئائىت بىر قاتار ئادەتلەر بار.

1) بۇغداي خامنى ئېلىش. ئورما ئورۇلــۇپ بولغانــدىن كېــيىن، ئېگىزرەك بولغان، دەل- دەرەخسىز ۋە ئاپتاپ تۇلۇق چۈشىدىغان مەلــۇم دائىرىدىكى ئېگىزلىكنى پاكىزە ئادالاپ، چىڭــداپ خامــان قىلىنىــدۇ. بــۇ «خامانلىق» ياكى «خامان ئېتىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇغــداي ئەنجــۈلىرى ئەشۇ جايغا دۆۋىلىنىپ، ئۆرۈپ- چۆرۈپ راســا قۇرۇتۇلغانــدىن كېــيىن،

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خامان ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى ئۈچ- تۆت مېتىر كېلىدىغان مۇمۇن(موما) تىكلەپ (مۇمۇن ئۈستىگە ئايلاندۇرۇلۇپ باشاقلار چىرايلىق چىگىلىپ، زور بىر دەستە ساغۇچ بۇغداي گۈلى ئېچىلغاندەك مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدۇ)، مۇمۇن ئاستىغا كۆك چىغدىن كالەك ياسىلىدۇ (كالەك دېگىنىمىز چىغنى راسا سوقۇپ ئېزىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، بىرەر كۈن سۇغا چىلاپ قۇيۇپ تازا ئەۋرىشىم بولغاندا كەكە دەستىسىدەك تومۇقتا ئۈچ قات قىلىپ ئېشىپ، مۇمۇنغا بىكىتىشنى كۆرسىتىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆچكە چۇپۇرىدا ئەتكەن ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن كالا، ئېشەكلەرنى باغلاپ، بىر- بىرىگە چېتىپ ئارغامچا ئۇچىنى كالەككە باغلاپ ھەيدىلىدۇ. بۇغدىيى جىق دېھقانلار ھەپتە ھەتتا ئون نەچچە كۈن خامان قوشىدۇ. بۇغدىيى ئاز دېھقانلار تۆت- بەش كۈن ئىچىدە قوشۇپ بۇلىدۇ. كالا، ئېشەكلىرى كۆپرەك ھاللىق دېھقانلار تېزراق قوشۇپ بولىدۇ (شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، بۇغداي ئەنجۈلىرى خامانغا توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقلاردىن باشاق تېرىش ——— يېتىم- يېسىرلار ۋە ئاجىزەلەرنىڭ ئىش- مەشغۇلاتى بولۇپ، كىم قانچىلىك باشاق (يەرلىك كىشىلەر «باش تېرىش» دەپ ئاتايدىغان) تېرىش ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىچە بولۇپ، ھېچكىم توسمايدۇ. قوناق پاساڭداش، قوغۇن ۋاشاڭ قىلىش قاتارلىق بۇ خىلدىكى يوقسۇللارنىڭ رىسقىنى ئانا زېمىندىن ئېلىش ئادىتى تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغىچە داۋام قىلىنغان).

خامان ئېلىشتا ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس خامان تېپىش شەكلى بولۇپ، بەزى يۇرتلاردا خامان تېپىشكە قۇلۇم- قوشنا، ئۇرۇق- تۇققانلاردىن لايىقۇتلىشىپ ئېلىپ كەلگەن ئۆي- كالا، ئېشەك- خېچىرلارنى بىر بىرىگە چېتىپ مۇمۇنى مەركەز قىلىپ، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇلىدۇ. خامان قوشقاندا مۇمۇن تۆۋىگە كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى، ياقا تەرەپكە

چاپقۇر ئېشەكنى چېتىپ مۇمۇننى مەركەز قىلىپ ئۇلاغلار كۆن قىزىلىدىن تاكى كۈن پاتقىچە ھەيدىلىدۇ. خامانغا قېتىلغان ئۇلاغ كۆپ بولغانسېرى ياقا تەرەپكە تېز ھەيدىلىدۇ، بولمىسا مۇمۇن تەرەپتىكى ئەنجۇ يۇمشمايلا قالماستىن، قۇشاغ چوق بۇلۇپ، ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بەزى جايلاردا ئات، ئېشەك، خېچىرغا تۇلۇق تاش سۆرىتىش ئارقىلىق، يەنە بەزى جايلاردا شوتىنىڭ بالداقلىرىغا دەرەخ شېخىنى گىرەلەشتۇرۇپ ئۇرەپ، شۇتىنىڭ بىر تەرىپى مۇمۇنغا كىرگۈزىلىپ، ئۇلاققا سۆرىتىلىپ مۇمۇننى ئايلاندۇرىلىدۇ. ئۇلاق كۆچلۈك بولسا شۇتا ئۇستىگە تاش ئېلىپ قويىلىدۇ ياكى خامان ھەيدىگۈچى ئۇستىگە چىقىپ «خامان ناخشىسى» (كالايلوي) ئوقۇيدۇ.خامان قوشقۇچىلار ئىچىدە چوڭراق باللار ئۇلاغلارنى توختىماي ھەيدەپ بەرسە، ئوتتۇرا ياش، ياشلار بۇغداي ئەنجۇلىرىنى قوشاغلارنىڭ ئاستىغا تاشلاپ يۇمشاپ بولغان ئەنجۇلەرنى ئۆرۈپ، ئەنجۇلەرنى تىزراق يۇمشتىش ئۇچۈن تىرىشىدۇ. ئاياللار ھاردۇق ئېشى تەييارلاپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ، خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. خامان قوشۇش - خامان ئېلىش (تېپىش) خەلق ئىچىدە «خامان ئالماق - شەھەر ئالماق»دەپ ئېيتىلغاندەك جاپالىق ئەمگەك بولسىمۇ، لاپقۇتلاشقان ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكەن بىر نەچچە كۈنلۈك ئەمگەك، قىزغىنلىققا تولغان ھالدا داۋام قىلىدۇ.

ئەنجۇلەرنى تۇلۇق يۇمشتىپ بۇللەرگە ئايرىپ سەلكىن شامالدا سورۇپ بۇغداينى سامىنىدىن ئايرىغاندىن كېيىن، بۇغداي دانلىرى ئۆتكەمە- تەڭكەش ھەم غەلۋىرنىڭ ياردىمى بىلەن پاكىز تازىلىنىپ، چەشلىشىدۇ ھەمدە مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرى خامان ئۇسۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. «خامان ئۇسىدىغان كىشى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشى كېرەك، نامازسىز چەش ئۇسسىسا بەرىكەت قېچىپ كېتىدۇ»، دەپ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قارىلىدۇ. خامان ئۈسۈشتا ئالدى بىلەن چەشلەنگەن دائىرىنى ئايلاندۇرۇپ، بىر غەلۋىر بۇغداي چېچىلىدۇ. ھەر ئون غەلۋىر بۇغدايدىن بىر غەلۋىر ئۆشرە ئايرىپ يېتىم- يېسىرلارغا، ئاجىز- مىيىپلارغا، مۇساپىرلارغا، خامان ئۈستىگە كەلگەن يوقسۇللارغا «كەپسەن» قىلىپ بېرىلىپ، ئاندىن خامان ئىگىسى بۇغداينى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

2) شال خامىنى 10- ئايدا ئېلىنىدۇ. شال پىشقاندىن كېيىن ئورۇلۇپ، شال ئېتىزىدا بىر نەچچە كۈن شامالداتقاندىن كېيىن خامانغا يىغىلىدۇ ھەمدە كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈپ، بىر نەچچە كۈن ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. خامان ئوتتۇرىسىغا مۇمۇن بىكىتىپ ئۇلاقلا تۇلۇق سۆرىتىپ ياكى كالا، ئېشەك- خېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى قوشۇپ ھەيدەپ، شال پالالدىن ئاجرىتىلىدۇ. بىر ئادەم ئۇلاغ ھەيدىسە، ئاياللار، ياردەمگە كەلگەنلەر شال ئەنجۈلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇلاغ، تۇلۇق ياكى شوتا ئاستىغا تاشلاپ بېرىدۇ. شال پاللىنى ياغاچ ياكى تۆمۈر ئارىدا بوشتىپ ئېلىغاپ، باشقا ياقا يىغىلىدۇ. شالنى ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈپ قىلقان، شال پاخاللىرى ئايرىپ چىقىلىدۇ. ئۆتكەمدىن ئۆتكەن شال شامالدا سورۇلۇپ پاكىزلىنىدۇ. «كەپسەن ئايرىش» ۋە باشقا تەرتىپلەر بۇغداي خامىنىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يوقسۇللارنىڭ شال ئېتىزىدىكى شال باشاقلىرىنى تېرىۋېلىشىغا يول قويىلىدۇ.

3) سەنئەتخۇمار خەلقىمىز خامان قوشۇش (تىپىن) دىن ئىبارەت ئەمگەكنىڭ ئېغىر، جىددىي پەيتلىرىدىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئەمگەك قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىشنى ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ خامان ناخشىسىنى ئوقۇيدىغان تىپىنچى قوشاقلارنى ھەيدىگەچ قولى بىلەن قولىقىنى تۇتۇپ، كالايلوي (بەزى يۇرتلاردا «ئالايلوي» دېيىلىدۇ) ئېيتىپ خامان قوشۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەمگەك جەريانىنى جانلاندۇرۇپ،

خامان ئېلىش جەريانىدىكى جاپا- مۇشكۇلنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خامانچىلارغا روھىي ئۇزۇق ئاتا قىلغان.

خامان ناخشىسى (كالايلوي) ئېيتىش شەكلى: قوشاغلار ۋە ئېيتقۇچىنىڭ قەدەم رېتىمىغا ماس ھالدا، بەزى ئاھاڭلاردا قوشاقلارنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «ۋاي»، تۆتىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «ۋاي ... ۋاي، كالايلوي......چۇ!»؛ بەزى ئاھاڭلاردا ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسراسىنىڭ كەينىگە «كالايلوي.......چۇ!» سۆزى نەقرات قىلىپ ئېيتىلغان.

خامان ناخشىسى چوڭقۇر مەزمۇن، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىپ، ئەسلى ئاھاڭنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا- مەھەللىلىرىگە كەڭ تارقالغان.

ئاق سامانىنى سورىسا چەش بولادۇ، (ۋاي......)
بۇ ئالەممۇ ھەر قاچان كەچ بولادۇ. (ۋاي، ۋاي، كالايلوي.......چۇ!)
ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، (ۋاي.......)
ئۇرۇق ـ تۇققان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ. (ۋاي،ۋاي كالايلوي.......چۇ!)
ئانام بولسا، ئاتام بولسا ئۆلۈم بولمىسا، (ۋاي......)
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بولسا، دەۋزاخ بولمىسا. (ۋاي، ۋاي كالايلوي.....چۇ!)
ئانام باقتى، ئاتام باقتى ماڭا جان قاتتى، (كالايلوي......)
قارا بەختىم ئاقارغىچە كۆزدىن قان ئاقتى. (ۋاي...ۋاي، كالايلۇي...چۇ!)
ئاتلار ئۇرۇق، يوللار يىراق ماڭارمەن ياياق، (ۋاي........)
قامچام بولدى بوز دالادىن ئالغان بىر تاياق. (ۋاي...ۋاي، كالايلۇي...چۇ!)

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



[قوشۇمچە] تېرىقچىلىققا دائىر ئاتالغۇلارغا قىسقىچە ئىزاھات

ئوسا تېرىش: ئوسا قىلىنغان يەرگە زىرائەت تېرىماق.

ئوسغا تېرىش: يەرنى ئاۋۋال ئوسا قىلىپ، ئاندىن زىرائەت تېرىش.

ئاققا تېرىش: ئاۋۋال ئاق يەرگە ئۇرۇق سېلىپ، ئاندىن سۇغىرىش.

قۇرلاپ تېرىش: يەرگە بوقۇسا، ئۇچلۇق بەلچە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تاپ ئېچىپ، تاپ بويلاپ ئۇرۇق سېلىپ تېرىش،مەسىلەن:ئاققا قۇرلاپ تېرىش،ئوسغا قۇرلاپ تېرىش.

بۇقۇسا: ئىككى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان يەر ئاغدۇرۇش سايمىنى. ئۇ بۇقۇسا كۆتىكى ۋە بۇقۇسا چىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. بۇقۇسا كۆتىكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بۇقۇسا چىشى چۆيۈندىن

قويۇلىدۇ ۋە بۇقۇسا تىلىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇقۇسىدىكى يەرنى تىلغاپ ئاغدۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بۇقۇسا كۆتىكىگە تۇتقا،كەشكۈن،ئامبۇغا قاتارلىق قوشۇمچە دېتاللار ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بويۇنلۇق،قوش چىگىسى،ياندۇرۇق تانا قاتارلىق سەپلىمە سايمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

چېچىپ تېرىش: يۇمشاق ئاغدۇرۇلغان يەرنى تەكشى تۈزلەپ، ئۇرۇق چاچقاندىن كېيىن،تاماق بىلەن تاتىلاپ ئۇرۇقنى تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش. يەنى زىرائەتنى قۇر- تاپلارغا ئايرىماي تېرىش. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ئاققا تېرىش ئۇسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

چۆنەك: ئېتىزدا بىر تاپ يەرنى كەتمەن بىلەن ئويۇپ، تۈپىنى ياندىكى تاپ ئورنىغا سېلىپ چىقىرىلغان تەكشى يۈزلۈك پاكار قىر.

چۆنەك تارتىش: ئېتىزدىن ئارەك ئويۇپ چۆنەك چىقىرىش.

چۆنەكلەپ تېرىش: ئېتىزغا چۆنەك چىقىرىپ، چۆنەك ئۈستىگە زىرائەت تېرىش.

جۆي: (1)يانتۇلۇقى يۇقىرى بولغان يەرلەرگە بۇقۇسا بىلەن تاپ ئېچىپ، تاپتىن ئۆرۈلۈپ چىققان توپا بىلەن، ھەر ئىككى تاپ ئارىسىغا ئۇچلۇق قىر چىقىرىلغان چۆنەك. (2)كەتمەن ياكى تۆمۈر گۈرجەك بىلەن قېزىلغان جۆي ئارىكىگە ئوخشاش ئارەك.

جۆيلەپ تېرىش: ئاق يەرگە ياكى ئوسا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، ئاندىن جۆي تارتىپ زىرائەت تېرىش.

قوش: يەر ئاغدۇرۇشقا تەييارلانغان ئادەم، ئۆكۈز ۋە بوقۇسىنىڭ ئومۇمي نامى.

بىرقوش: يەر ئاغدۇرۇشقا تەييارلانغان (ياكي ئاغدۇرۇۋاتقان ياكى ئاغدۇرۇپ بولغان) بىر ئادەم، بىر ئۆكۈز،بىر بۇقۇسىنىڭ ئومۇمي نامى.

بىر قوشلاق يەر: بىر قوش ئارقىلىق بىر كۈندە ئاغدۇرۇپ بولغىلى بولىدىغان مىقداردىكى يەر، نورمال ھالەتتە بىر قوش بىر كۈندە بەش مو يەر ئاغدۇرالايدۇ. ئىككى قوشلاق يەر دېيىلسە 10مو يەر دېگەنلىك بولىدۇ.

قارامتۇل ئالماق: ئېتىزلاردىكى يۇمران مايسىلارنى بېسىۋالغان قارامتۇل دۆۋىسىنى تازىلاپ، مايسىلارنى ئازادىلىككە چىقارماق.

كۆككە ژورلاپ كېتىش: كۆپ سۇغىرىلىش نەتىجىسىدە زىرائەتلەرنىڭ باغجانلاپ ئۆسۈپ كېتىشى، بەك ئېگىز شۇنداقلا زىيادە شاخلاپ ئۆسۈپ كېتىشى. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

ئەڭگىز: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى.

ئەڭگىزلىك: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى ياخشى بولغان ھالىتى، يەنى توق كۆك، بەلكى قارىغا مايىل كۆك بولىشى. ئادەتتە«ئەڭگىزى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ياخشى»دېيىلىدۇ .

ئەڭگىزى قارا: ئەڭگىزى ياخشى، ئەڭگىزلىك ئۆسمەك.

ئەڭگىزى يوق: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى ناچار بولغان هالىتى،ئەڭگىزى ناچار.

ئەڭگىزى سېرىق: زىرائەتلەرنىڭ رەڭ كۆرۈنىشى سۇس بولغان هالىتى.بۇ ئوغۇت كەملىكىنىڭ ئالامىتى.

ئەڭگىزلىمەك: زىرائەتلەرنىڭ ئەڭگىزىنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقان هالىتى.

پۇخاق بولماق: زىرائەتلەرنىڭ باشاق چىقىرىشقا تەييار بولغان ۋاقتى. يەنى بۇغداي باشقى ۋە قۇناق پىيپىچىكىنىڭ يوپۇرماق غىلاپىدا تومپاي تۇگۈنەك هاسىل قىلغان ۋە غىلاپتىن چىقىۋاتقان ۋاقتى.

سېرىقتال بولماق: بۇغداي دانلىرى قېتىپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان ۋاقتى. يەنى پىششىقا ئاز قالغان ۋاقتى.

سېرىق چاپان بولماق: قۇناق دانلىرى قېتىپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان ۋاقتى. يەنى پىششىقا ئاز قالغان ۋاقتى.

كۆك چېچەك بولماق: قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، قاپاق قاتارلىق پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەك غۇنچىلىرى يېتىشىپ، ئېچىلىشقا ئاز قالغان ۋاقتى. بۇ، مۇشۇ خىل زىرائەتلەرگە يېيىغ سۇيى قويۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى هېسابلىنىدۇ .

سېرىق چېچەك بولماق: قوغۇن ،تاۋۇز،كاۋا،قاپاق قاتارلىق پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چېچەكلىرى ئېچىلغان ۋاقتى.

چىمان:يۇلغۇننىڭ تۆكۈلۈپ تەبىئى دۆۋىلەنگەن يوپۇرماقلىرى.

چىمان تاسقاش: جاڭگالدىكى يۇلغۇنلۇق دۆڭلەردە يۇلغۇن يوپۇرماقلىرى يىلمۇ- يىل تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بورانىدا توپا چۈشىدۇ.

نۇرغۇن زامان مۇشۇنداق دەۋر قىلىش ئارقىسىدا دۆڭلەر ئۈستىدە بىر- ئىككى مېتىر قېلىنلىقتا چىمان قاتلىمى ھاسىل بولىدۇ . ئىلگىرى بەزى ئوغۇتى يوق نامرات دېھقانلار مۇشۇنداق چىمائلىق دۆڭلەرنى كولاپ ئۆتكەمە ئارقىلىق چىماننى تاسقاپ توپىدىن ئاجرىتىپ ئوغۇت قىلغان. بۇ ئىشنىڭ ھەرىكەت نامى «چىمان تاسقاش» دېيىلىدۇ. خەلق كوممۇنىسى ۋاقتىدا ھەر يىلى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى بىلەن زور كۆلەمدە چىمان تاسقاش يولغا قويۇلۇپ ، چىمانلار ئوغۇت، يۇلغۇنلار ئوتۇن قىلىنغان. نەتىجىدە دۆڭلەر يالىڭاچلىنىپ، تۇراقلىق دۆڭلەر كۆچمە قۇم بارخانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان .

داڭ: ئاغدۇرۇلمىغان يەر، قاتتىق يەر،«ئاختارمىلىق» نىڭ ئەكسى.

داڭغا تېرىش: ئاغدۇرۇلمىغان يەرگە زىرائەت تېرىش.

ۋەخپە: باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ياكى پايدىلىنىشىغا بەخشەندە قىلىنغان مۈلۈك ۋە ھوقۇق. يەنى يەر، ئوتلاق، كۆل، قۇدۇق، ئۆي- ئىمارەت، دەرەخ، كىتاب ، مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى قاتارلىقلار ۋەخپە قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ .

ۋەخپە قىلماق: ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مەلۇم مۇئەسسەسە، مەلۇم ئادەم ياكى ۋەزىپە نامىغا بەخشەندە قىلىپ بەرمەك.

ۋەخپە يەر، ۋەخپە مۈلۈك: كىشىلەر تەرىپىدىن مەلۇم مۇئەسسەسە،ئادەم ياكى مەلۇم ۋەزىپە نامىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن يەر ياكى مۈلۈك. بۇنىڭ: مەدرىس ۋەخپىسى، مەسچىت ۋەخپىسى، ئىماملىق ۋەخپە، خاتىپلىق ۋەخپە، مىرابلىق ۋەخپە، جامائەت ۋەخپىسى دېگەندەك كۆپلىگەن تۈرلىرى بار. ( بۇ ئىزاھاتلارنى مۇھەممەتئىمىن سابىر ئىشلىگەن )